# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 7 ـ ئاي
8
چارشەنبە
维吾尔文 7 月8日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25116 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ ئارگېنتىنا زۇڭتۇڭى فېرنەندىس بىلەن ئۆزئارا خەت ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئارگېنتىنا زۇڭتۇڭى فېرنەندىس بىلەن ئۆزئارا خەت ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ قول تۇتۇشۇپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش توغرىسدا پىكىر ئالماشتۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇم ئالدىدا، جۇڭگو ــ ئارگېنتىنا خەلقى جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا قوللاپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىنى نامايان قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئۈرۈمچىدە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى خىزمىتىنى تەكشۈردى

## ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم ۋە ئەڭ قاتتىق تەلەپ بويىچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامانلىقى، ساغلاملىقىغا، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ بىخەتەر، تەكشى، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي، لى ياڭ، جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 2020 ـ يىللىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ بىرىنچى كۈنى. چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم ئىمتىھان نۇقتىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىمتىھانى تەشكىللەش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، مۇلازىمەت كاپالىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى نەق مەيداندا تەكشۈردى.

بۇ يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 229 مىڭ 300 نەپەر ئوقۇغۇچى 93 ئىمتىھان رايونى، 235 ئىمتىھان نۇقتىسىدا ئىمتىھانغا قاتناشتى.

چېن چۇەنگو ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، 13 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئىمتىھان نۇقتىسىغا كېلىپ ئىمتىھان خىزمىتىنى تەكشۈردى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئىمتىھان ئىشلىرىنى تەشكىللەش، مۇلازىمەت كاپالىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى ھەم خىزمەتچى خادىملار ۋە بىرىنچى مەيدان ئىمتىھانىنى ئاخىرلاشتۇرغان ھەر مىللەت ئىمتىھان بەرگۈچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشتى. ئۇ ئىمتىھان ئىشلىرى خادىملىرىغا خىزمەتلەرنى تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئىمتىھان بېرىشى، تىنچ ـ ئامان ئىمتىھان بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تاپىلىدى؛ ئىمتىھان بېرىدىغان ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنى خىرىسنى پائال كۈتۈۋېلىپ، ئەڭ ياخشى سەۋىيەنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىرادە تىكلەپ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

چېن چۇەنگو ئىمتىھان خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئائىلىلەر، بولۇپمۇ كەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار خەلققە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى تەشكىللەشتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختىلاپ، ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم، ئەڭ قاتتىق تەلەپ بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، پۇختا ئىشلەپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىمتىھان ئىشلىرى خادىملىرىنىڭ ئامانلىقىغا، ساغلاملىقىغا، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ بىخەتەر، تەكشى، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، تازىلاش ـ دېزىنفېكسىيەلەش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، ماسكا تاقاش، ئارىلىق ساقلاش قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن زەنجىرلىك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش كېرەك. مۇلازىمەت كاپالىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
ــ يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

## ئالدىنقى يېرىم يىلدا شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 50%تىن ئارتۇق ئاشتى

تارىختىكى ئوخشاش مەزگىلدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن جياڭۋېي** دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش بويىچە يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارى 43 مىليارد 900 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 53.9% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى ئېنېرگىيەلىك توك مىقدارى 12 مىليارد 100 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، سىرتقا يەتكۈزۈلگەن ئومۇمىي توك مىقدارىنىڭ 27.5%نى ئىگىلىگەن. ئالدىنقى يېرىم يىلدا سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارى يىللاردىن بۇيانقى ئوخشاش مەزگىلدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.

شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش بويىچە يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارىنىڭ تېز ئېشىشى قىسمەن جەھەتتىن شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش يېڭى يولىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىدىن بولغان. 2019 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شەرقىي جۇڭغار ـ جەنۇبىي ئەنخۇي 1100± كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مۇشۇ تۈردىكى قۇرۇلۇش بىلەنلا،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگوڭتىڭى «يولغا قويۇش لايىھەسى»نى بېسىپ تارقاتتى

## 16 تۈرلۈك تەدبىر ئىستېمالنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېي خۇڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگوڭتىڭى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىستېمالنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۈچلۈك بازار شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يولغا قويۇش لايىھەسى» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقىتىپ، زور كۈچ بىلەن بازار تەممىناتىنى ئەلالاشتۇرۇش، ساياھەت قاتارلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش، زور كۈچ بىلەن خاس ئىستېمال تورى قۇرۇش، «ئەقلىي ئىقتىدار +» ئىستېمال ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە، 16 تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، كۈچلۈك بازار شەكىللەندۈرۈشكە كۈچ قوشتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 94 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

ئايدىڭكۆلنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 94 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا ئايدىڭكۆلنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىش، شىنجاڭنىڭ باغ ـ ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش قاتارلىق خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2016 ـ يىلى تۇرپان ئايدىڭكۆل دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز بىر تۈركۈم ئېكولوگىيەنى ئاسراش، تۈزەش تۈرلىرىنى يولغا قويدى، ئايدىڭكۆلنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئۈنۈملۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

لى پېڭشىن قىسمەن ئالىي مەكتەپلەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

## دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە مائارىپ ئوقۇتۇشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى شىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ سىفەن داشۆ، شىنجاڭ تېببىي داشۆدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغانىدا مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)


新疆日报 | 天山网 www.ts.cn | 石榴云
新 疆 报 业 传 媒 集 团


ھاللىق تۇرمۇشمىزغا ئاتلىنايلى

سەنۆبېن بېلىقى باقمىچىلىق كەسپ زەنجىرىگە تايىنىپ

## نىلقىدىكى 600دىن ئارتۇق نامرات ئائىلە سۇ ئۈستىدە بېيىدى



ئوسبان ئارالباي نىلقا ناھىيەسى قارا سۇ يېزىسىنىڭ كىچىك قارا سۇ كەنتىدىكى تيەنيۈن سەنۆبېن بېلىقى باقمىچىلىق بازىسىدا تور تاشلاپ بېلىق تۇتماقتا. (6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تارتىلغان) □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈچكە مۇجەسسەم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۈنخۇا، گې يوۋجۈن، ۋاڭ جېن، لۇ يىخەن، جاڭ ئاۋ

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سەھەردە، نىلقا ناھىيەسىنىڭ قارا سۇ يېزىسى كىچىك قارا سۇ كەنتىگە جايلاشقان شىنجاڭ تيەنيۈن ئورگانىك يېزا ئىگىلىكى چەكلىك شىركىتىنىڭ سەنۆبېن بېلىقى باقمىچىلىق بازىسى تېپتىنچ ئىدى. باقمىچىلىق بازىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئوسبان ئارالباي يەمنى قولىغا ئېلىپ ئاستا چېچىشىغا، سۇ ئاستىدا ئۈزۈۋاتقان يۈرگەن سەنۆبېن بېلىقلىرى توپ ـ توپ بولۇپ سۇ ئۈستىگە ئېتىلىپ چىقىپ يەم تالىشىپ، ئاق رەڭلىك بۈژغۇنلارنى چاچراتتى، سۇ ئۈستى شۇ ھامان قىزىپ كەتتى.

«سەنۆبېن بېلىقى سوغۇق سۇ بېلىقى، بېلىق تۇتۇشتىن بۇرۇن سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىتىش كۆلچىكىدە بىردىن ئىككى سېلسىيە گىرادۇسقىچە تۆۋەنلەتكەندىلا، ئاندىن بېلىقنىڭ يېڭىلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بېلىق تۇتقاندا يەنە تورنى بەك كۈچەپ يىغىۋېلىشقا بولمايدۇ، بولمىسا ئەكس تەسىر قىلىش كۈچى پەيدا بولۇپ، ئادەمنى سۇغا سۆرەپ چۈشىدۇ...» ئوسبان بىر تەرەپتىن بېلىققا يەم بەرگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي «بېلىق بېقىش دەستۇرى»نى سۆزلەپ كەتتى. ئىلگىرى قامچا تۇتقان بۇ چارۋىچى ھازىر پىششىق بېلىقچىغا ئايلاندى.

2014 ـ يىلى ئوسبان تېخى قارا سۇ يېزىسىنىڭ جار توغان كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە بولۇپ، قوي بېقىشقا تايىنىپ ئائىلىسىدىكى تۆت جاننىڭ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. تالا ـ تۈزدە غىزالىنىپ، يېتىپ ـ قوپۇپ، بىر يىل جاپا تارتسىمۇ ئارانلا ئون نەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايتتى.

«ئۇ چاغلاردىكى كۈنلەر جاپالىق ئىدى، سىرتقا چىقىپ مال باققاندا قويلارنى يېتتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئۇدا ئون نەچچە سائەت كۆز يۇممايتتىم. باللارغا يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرىشكىمۇ كۆزۈم قىيمايتتى» دېدى ئوسبان ئەسلەپ.

سكانىرلاپ سىنى كۆرۈڭ

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

## «بىر ئاساسلىق، ئىككى قوشۇمچە» ئەندىزىسى شىنجاڭ كېۋىزىنىڭ ئەلا سورتىنى تېخىمۇ ئەلالاشتۇردى

ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جايلىشىش شەكلىنى يېشىش ③

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: «ئائىلىمىز بۇ يىل تېرىغان 15 مو يەردىكى كېۋەزنىڭ ھەممىسى يېڭى سورتقا ئالماشتۇرۇلدى، ئۆسۈش ئەھۋالى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن كۆپ ياخشى بولدى» دېدى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيەسىنىڭ ئىچمېرىق بازىرى قىزىلتام كەنتىدىكى كېۋەزنىڭ ئۈچىنى ئۈزۈۋاتقان كەنت ئاھالىسى سېيىت قۇربان. سېيىت ئېيتقان «يېڭى سورتقا ئالماشتۇرۇش» دەل ئاپتونوم رايونىمىز يولغا قويغان «بىر ئاساسلىق، ئىككى قوشۇمچە» كېۋەز ئۇرۇقى سېلىش ئەندىزىسى ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىش ئىدى.

«بىر ئاساسلىق، ئىككى قوشۇمچە» ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېۋەز تېرىش سورتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى كونكرېت تەدبىرى، يەنى كېۋەز تېرىيدىغان ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ بىر ئاساسلىق سورت، ئىككى كىرىشتۈرمە سورت بويىچە كېۋەز تېرىشنى قانات يايدۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)